# قورقۇنچ بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم، زېمىن خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى ماڭا بېرىلدى، ئەھمەد دەپ ئاتالدىم، زېمىن ماڭا پاكلۇغۇچى قىلىپ بېرىلدى، ئۈممىتىم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىندى

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: ماڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن خىسلەتلەر بېرىلدى، دېدى، بىز: ئۇلار قايسى؟ دېدۇق، رەسۇلۇللاھ: قورقۇنچ بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم، زېمىن خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى ماڭا بېرىلدى، ئەھمەد دەپ ئاتالدىم، زېمىن ماڭا پاكلۇغۇچى قىلىپ بېرىلدى، ئۈممىتىم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىندى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

رەسۇلۇللاھنىڭ «ماڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن خىسلەتلەر بېرىلدى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەردە يۈز بەرمىگەن. «قورقۇنچ بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم» دېگىنى، دۈشمەن مەندىن قورقۇپ، دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالغان، كۆچىنى ئاجىزلاشتۇرغان، تويىنى پارچىلىۋەتكەن. «زېمىن خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى ماڭا بېرىلدى» ئاچقۇچ بولسا ئېتىك نەرسىلەرنى ئاچىدىغان بىر سايمان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئۇلۇشۇش تەس بولغان، توسالغۇلارنى تېپىپ چىقىشقا ۋاستە بولىدىغان نەرسىدۇر. «زېمىن» ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا دەۋلەت ۋە شەھەرلەرنى پەتھى قىلىپ بېرىش ۋەدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كۆچمە سۆز. «مەن ئەھمەد دەپ ئاتالدىم» ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نام شەرىپىنى ساقلىغانلىقتىن، ساماۋى كىتابلاردا سۈپەتلەنگەن شۇ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇماندار كىشىلەرگە، شەكلەنگۈچىلەرگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھېچبىر كىشى ئۇ ئىسىم بىلەن ئاتالمىغان. «زېمىن ماڭا پاكلۇغۇچى قىلىپ بېرىلدى» دېگىنى، سۇ تېپىلمىغاندا سۇ ئورنىدا ئىشلىتىپ تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس قىلىندى، دېگەن مەنىدە

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10025